# مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بىرلىكتە 2019 - يىللىق «ئەڭ گۈزەل دوختۇر»لارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چۈ تىڭ)** باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، «ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مۇھەببىتىنى ئايىمايدىغان» ئالىيجاناب روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىككىنچى «جۇڭگو ۋىراچلار بايرىمى» يېتىپ كېلىش پەيتىدە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى 2019 - يىللىق «ئەڭ گۈزەل دوختۇر»لارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى جەمئىيەتكە ئاشكارا ئېلان قىلدى.

ۋاڭ دۇڭجىن، ۋاڭ شىنخۇا، شى شۈمىن، ياۋ يۇفېڭ، گې جۇنبو، جاڭ جۈنتىڭ، جۇاڭ شىخۇا، ۋاڭ چۈەن، تەن شياۋچىن، گۇ فاڭجۇ (ۋاپات بولغان) دىن ئىبارەت ئون نەپەر سەھىيە - ساغلاملىق خىزمەتچىسى ۋە جۇڭگو پىدائىي دوختۇرلار ئەترىتى سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساھەلىرىدە جان - دىل بىلەن خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆمرىدە پەقەت بىرلا ئىشنى قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقىتىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان؛ بەزىلىرى جۇڭگو تېبابەتچىلىكگە بىر ئۆمۈر ئۆزىنى ئاتاپ، ئۇستىلىق بىلەن يىڭنە سانجىپ ئاغرىق ئازابىنى تۈگەتكەن؛ بەزىلىرى ھاياتلىق چەكلەنگەن رايونغا ئۈزلۈكسىز جەڭ ئېلان قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشتەك ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان؛ بەزىلىرى ساپ قەلب بىلەن پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، سەھىيە، ساغلاملىق پەن تەتقىقات يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا ئىرادە باغلىغان؛ بەزىلىرى يۇقىرى داۋالاش تېخنىكىسى ۋە مېھرىبانلىقى ئارقىلىق ئاياللار، باللارنىڭ ساغلاملىقىغا ھەمراھ بولغان، قوغدىغان؛ بەزىلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان چېگرا رايون ۋە يېزا - كەنتلەردە يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرغان؛ يەنە بەزىلىرى ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بىرىنمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلىگەن.

ئېلان قىلىش مۇراسىمى نەق مەيداندا «ئەڭ گۈزەل دوختۇر»لارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى قىسقا سىن فىلمى قويۇلدى، زىيارەتتە ئۇلارنىڭ دوختۇرلۇق تەسىراتلىرى بايان قىلىندى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئۇلارغا «ئەڭ گۈزەل دوختۇر» شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

ئېلان قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان بىر تېببىي خىزمەتچى ۋەكىلى مۇنداق دېدى: «جۇڭگودىكى ياخشى دوختۇر» «جۇڭگودىكى ياخشى سېستىرا» «ئەڭ گۈزەل دوختۇر»لارنىڭ جىسمىدىن ئەۋلادمۇئەۋلاد سەھىيە - ساغلاملىق خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىش، بىللە كۈرەش قىلىش جاپالىق مۇساپىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يېڭى دەۋردىكى سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىز ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان قەتئىيلىك بىلەن، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىقنى شەرھلەپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش ھەرىكىتىدە باتۇرلۇق بىلەن بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لى كېنۇڭ: مەخپىي سەپتىكى قالتىس جياڭجۇن

لى كېنۇڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر باۋ شياۋجېك)** لى كېنۇڭ، 1899 - يىلى ئەنخۇي ۋۇخۇدا تۇغۇلغان. 1926 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئۇ، ئاخبارات ۋە مۇھاپىزەت قاتارلىق ئالاھىدە سەپلەردە ئۇزاق مەزگىل خىزمەت قىلىپ، قەيسەر كۈرەش ئىرادىسى ۋە جانلىق خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن ھايات - ماماتىغا پىسەنت قىلماي، كۆپ قېتىم ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان، جىددىي پەيتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان، ئاچقۇچلۇق پەيتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى تەدبىر بەلگىلەش خاراكتېرلىك ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان. شۇڭا «قالتىس جياڭجۇن» دەپ تەرىپلەنگەن.

1929 - يىلى، لى كېنۇڭ پارتىيەنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن چيەن جۇاڭفېي، خۇ دى بىلەن بىللە گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق باش ئورگىنىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئالاھىدە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1930 - يىلى، لى كېنۇڭ مەركەز ئالاھىدە بۆلۈمگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ CC تەشكىلاتىنىڭ مەخپىيەتلىكى لى كېنۇڭ گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكى، پىلانلىشى ئارقىلىق ۋاقتىدا ئىگىلەنگەن. 1931 - يىلى 4 - ئايدا، مەركەز ئالاھىدە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى گۇ شۈنجاڭ قولغا ئېلىنىپ ئاسىيلىق قىلغان، دۈشمەنلەر گۇ شۈنجاڭدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ شاڭخەيدىكى ئورگانلىرىنى بىراقلا قولغا چۈشۈرمەكچى بولغان. مۇشۇنداق قىل ئۈستىدە تۇرغان خەتەرلىك پەيتتە، لى كېنۇڭ چيەن جۇاڭفېي ئەۋەتكەن ئاخباراتقا ئېرىشىپ، ئامال قىلىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا تۆھپە قوشقان.

يەر ئىنقىلابى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، لى كېنۇڭ سوۋېت رايونى ۋە قىزىل ئارمىيەنىڭ سىياسىي قوغداش خىزمىتى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۆلەت سىياسىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ ئىجرائىيە بۆلۈم باشلىقى، قىزىل 1 - يۈنلىش ئارمىيەسى سىياسىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، قىزىل ئارمىيە خىزمەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان.

1935 - يىلى، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، لى كېنۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن پارتىيەمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئالاقە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جياڭجۇن جاڭ شۆلياڭ بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2 - قېتىملىق گومىنداڭ - كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

1938 - يىلى قىشتا، لى كېنۇڭ جوۋ ئېنلەينىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن گۈيلىنغا بېرىپ 8 - ئارمىيە ئىش باشقارمىسىنى قۇرغان، بۇنىڭ بىلەن پارتىيەمىز غەربىي جەنۇب رايونىدا ئاشكارا ۋاكالەت ئاپپاراتى ۋە رەھبەرلىك يادروسىغا ئىگە بولغان. بۇ مەزگىلدە لى كېنۇڭ گومىنداڭ گۈيشىغا قارىتا بىرلىك سەپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گۈيلىندا ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتەك بىرقەدەر ياخشى سىياسىي ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لى كېنۇڭ ئاخبارات تارماقلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مەركەزنىڭ جياڭ جيېشى ئوتتۇرىغا قويغان چۇڭچىڭ سۆھبىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئالدامچىلىقىنى ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلىشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. ئازادلىق ئۇرۇشى داۋامىدا، لى كېنۇڭ پارتىيەنىڭ يوشۇرۇن ئۇرۇش سېپىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەربىي ئۇرۇشقا ماسلىشىش، بولۇپمۇ لياۋ شېن، خۇەيخەي، پىڭجىندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ جەڭنىڭ غەلىبە قىلىشىدا مۇھىم، زور رول ئوينىغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لى كېنۇڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت باش ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1951 - يىلى چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتىگە قاتناشقان. 1954 - يىلى جۇڭگونىڭ جەنۋە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1955 - يىلى شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن، 1 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 1 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئوردېنى ۋە 1 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1962 - يىلى بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

---

# داۋالاش تېخنىكىسى كامالەتكە يېتىش چىن ھېسسىيات بىلەن خەلقنى كۆزلەش

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇاڭ شىخۇا 18 ياشتا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ، سانىتار بولغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن، جۇاڭ شىخۇا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 4 - ھەربىي تېببىي داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندە، مەكتەپتە قېلىش پۇرسىتى ئالدىدا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشنى تاللىغان.

ئۆتكە تاش چۈشۈش شىنجاڭدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەل، ئەينى چاغدا قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسىنىڭ ئۆتكە تاش چۈشۈشنى داۋالاش تېخنىكىسى پۈتۈن مەملىكەتكە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئارقىدا ئىدى، جۇاڭ شىخۇا دوختۇرخانىغا ۋاقتى قىسقا، يارا ئېغىزى كىچىك، تېز ساقىيىدىغان، ئاز خىراجەت كېتىدىغان قورساق بوشلۇقى ئەينەكى شارائىتىدا ئۆتتىكى تاشنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئەينى چاغدا، بۇ دوختۇرخانا جىگەر - ئۆت كېسەللىرى بۆلۈمىنى ئەمدىلا تەسىس قىلغان بولۇپ، مەبلەغ يېتىشمەيتتى، ئۇ بۆلۈمدىكى تۆت خادىم بىلەن يىغقان پۇللىرىنى چىقىرىپ، ئوپېراتسىيە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى. نۇرغۇن دوختۇرخانا بۇ تۈردىكى تېخنىكىنى قوللىنىشقا نىسبەتەن بىرقەدەر ئېھتىياتچان بولۇپ، كلىنىكىدا ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئۇ يەنە ئۆزۈم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ جىگىرىنى سېتىۋېلىپ، قايتا - قايتا تەقلىدىي مەشىق قىلىپ، ئۆت ۋە جىگەرنى ئايرىپ ئوپېراتسىيە قىلىش تېخنىكىسىنى ناھايىتى تېز ئىگىلىدى. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ قورساق بوشلۇقى ئەينەكى ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئۆت ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

جۇاڭ شىخۇا 1 - قېتىملىق قورساق بوشلۇقى ئەينەكى ئارقىلىق ئوپېراتسىيە قىلىشقا تۆت يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلغانىدى. كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئۇ مەشىق قىلىپ قالتىس ماھارەتنى يېتىلدۈردى: بىر قېتىملىق قورساق بوشلۇقى ئەينەكى ئارقىلىق ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئون مىنۇتلا كېتىدىغان بولدى، ئۆتنى ئايرىۋېتىشتا ئەڭ تېز بولغاندا 47 سېكۇنتلا سەرپ قىلىدىغان بولدى، 100 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق ئوپېراتسىيەنىڭ بىر قېتىمدىمۇ مەغلۇپ بولمىدى.

مەيلى ئاددىي دوختۇر ۋاقتىدا بولسۇن ياكى دوختۇرخانا باشلىقى بولغاندا بولسۇن، مەيلى قانچە ئالدىراش بولسۇن ياكى چارچىغاندا بولسۇن، جۇاڭ شىخۇا كۈندە كېسەلخانىنى تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئاغرىقلارنى كۆرمىسەم ئوپېراتسىيە قىلغاندا كۆڭلۈمدە سان بولمايدۇ؛ ئاغرىقلار مېنى كۆرمىسە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ سان بولمايدۇ».

### ■ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى باشقىلارنى سۆيۈش

مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى باشقىلارنى سۆيۈش. جۇاڭ شىخۇانىڭ مۇھەببەت دۇنياسىدا، مۇھەببەت — چىن ھېسسىيات بىلەن خەلقنى كۆزلەش، مۇھەببەت — ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش، خەتەردىن قۇتقۇلدۇرۇپ يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتۇر.

2010 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى، ئۆتكە تاش چۈشكەن ئازبېك دوختۇرخانىغا كېلىپ، جۇاڭ شىخۇانىڭ قولىنى تۇتقىنىچە قويۇپ بەرمىدى، ئەسلىدە ئازبېك ئىلگىرى بىرنەچچە دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئازبېكنىڭ قورساق بوشلۇقىنى قېلىن ماي قاپلاپ كەتكەنلىكى ئېنىقلانغان، ئوپېراتسىيەنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. «ئاغرىق نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن كەلگەن تۇرسا، كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ!» داۋالاش خادىملىرىنىڭ غەم قىلىۋاتقىنىغا قاراپ جۇاڭ شىخۇانىڭ پوزىتسىيەسى قەتئىي بولدى. ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا ئازبېك جۇاڭ شىخۇانىڭ قولىنى يەنە چىڭ سىققىنىچە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

«بىز ئاغرىقنى بىر كۈن بۇرۇن ئوپېراتسىيە قىلساق، ئاغرىقنىڭ ئازابى بىر كۈن كېمىيىدۇ. ئاغرىقلارنىڭ ئازابىنى ئۆز ئازابىمىز، ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى ئۆز ھاياتىمىز دەپ بىلىپ، ھەربىر ئاغرىقنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن داۋالىساملا، ئاندىن ئاغرىقلار ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلالايمىز.» جۇاڭ شىخۇانىڭ سۆزى ئاددىي ھەم سەممىي ئىدى.

جۇاڭ شىخۇانىڭ خىزمەت ئۈستىلىدە مۇنداق بىر كىچىك دەپتەر بار، ئۇنىڭدا بارلىق ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ تېلېفون نومۇرى خاتىرىلەنگەن. بىر قېتىم دوختۇرخانىدا ياتقانلارغا ئۆمۈر بويى مەسئۇل بولۇش ئۇنىڭ ئاغرىقلارغا بەرگەن ۋەدىسى. ئۇ بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاغرىقلارنى تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتى.

ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن ئاغرىقلار پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا داۋالانغىلى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن كېسەل كۆرسىتىشكە كۆپ پۇلى يوق ئىدى، جۇاڭ شىخۇا داۋالاش خادىملىرىنى باشلاپ ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

### ■ كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكىسىغا ئىگە مېھرىبان دوختۇر

كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقلارغا نەپ يەتكۈزۈش جۇاڭ شىخۇانىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى. بۇ دوختۇرخانا جۇاڭ شىخۇا داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، كەنتلەرگە بېرىپ سەييارە كېسەل كۆرۈپ، ئائىلىلەرگىچە كىرىپ كېسەل كۆرۈپ، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

ھەر قېتىم سەييارە كېسەل كۆرگەندە، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى بالدۇرلا كەنت ئېغىزىغا كېلىپ تۇرۇپ، خۇددى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە قايتىشىنى كۈتكەندەك داۋالاش شۆبە ئەترىتىنى كۈتۈۋالاتتى. كەنتكە كىرىپ ئون مىنۇت ئىچىدىلا، بىر ۋاقىتلىق سەييارە كېسەل كۆرۈش سۈپىسى قۇرۇلۇپ بولاتتى، جۇاڭ شىخۇا بىر تەرەپتىن، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىنچىكىلىك، سەۋرچانلىق بىلەن تەكشۈرەتتى، دىياگنوز قوياتتى، دورا يېزىپ بېرەتتى، ئىشلارنى تاپىلايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇراتتى، ھەر قېتىم ناھايىتى كەچ بولغاندىلا ئاندىن كەنتتىن ئايرىلاتتى.

بىر قېتىم داۋالاش شۆبە ئەترىتى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) لياڭخې تەۋەلىك باشقۇرۇش كومىتېتى داچۈەن كەنتىگە كېلىپ سەييارە كېسەل كۆردى، پاتەمخان موماينىڭ ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا، موماي جۇاڭ شىخۇانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «جۇاڭ دوختۇرخانا باشلىقىغا رەھمەت!» دېدى.

ئەسلىدە، كۆپ يىللار ئىلگىرى پاتەمخاننىڭ ئېرى ئۇراز ئېھتىياتسىزلىقتىن تاشلاندۇق كان قۇدۇقىغا چۈشۈپ كېتىپ، باش سۆڭىكى، ئومۇرتقىسى قاتارلىق 11 يېرى سۇنۇپ كەتكەن. جۇاڭ شىخۇا ئالتە كېچە - كۈندۈز جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا تۇرمۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇاڭ شىخۇا ھەر ھەپتىدە ۋېلسىپىت مىنىپ ئون نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ بېرىپ - كېلىپ، ئۇنى سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە داۋالىدى. پاتەمخاننىڭ ئېرىنىڭ كېسىلى سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن، پاتەمخاننىڭ ئۆتىدە تاش پەيدا بولۇپ قالدى، قىزى يەنە سۈت بېزى ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغاندا، جۇاڭ شىخۇا ئانا - بالا ئىككىيلەنگە ئىئانە توپلاپ ئوپېراتسىيە قىلدۇردى، يەنە ئۇلارغا كىچىك دۇكان ئېچىپ بەردى، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ مائاشى بىلەن ئۇلارغا يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، پاتەمخان ئائىلىسىدىكىلەر ئازادە، يېڭى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، كۈنلىرى بارا - بارا ياخشىلاندى.

پاتەمخان بىر ئائىلە كىشىلىرىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئاغرىقلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر جۇاڭ شىخۇانىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن داۋالاش شۆبە ئەترىتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش بىلەن بىللە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 500دىن ئارتۇق ئاغرىق ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، 120دىن ئارتۇق بالىنىڭ مەكتەپ قويىنىغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن كېڭەيتىشكە، كۆپەيتىشكە بولىدىغان يېڭى ئەندىزە ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت».

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاز، دېھقانلارنىڭ يەرگە تايىنىپ كىرىم ئاشۇرۇشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور، يېزا ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئاجىز بولۇش جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك مەسىلە. 2017 - يىلى، شايار ناھىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 500 مىڭ مو يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈر قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا باشلىدى.

ئالدى بىلەن يەر تۈزلەش كېرەك.

«بىزنىڭ بۇ جايدا يەرنىڭ پارچە بولۇش ئالاھىدىلىكى روشەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىز - پەس بولۇپ، چوڭ تىپتىكى ماشىنىلارنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، بۇ، كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا توسالغۇ ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ئەڭ ئۇل خىزمەت يەرنى تۈزلەش.» جېڭ ۋېي مۇنداق دېدى: «بۇ قىسىم مەبلەغ تۈر قۇرۇلۇشى مەبلىغى دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس، ناھىيە ئىجتىمائىي كاپىتال كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئالدى بىلەن بۇ ئۇللۇق خىزمەتنى ئورۇندىدى».

ھازىرغىچە، شىنجاڭ لىخۇا گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى شايار ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، 400 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى تۈزلىدى، 200 مىڭ مو ئەتراپىدا يەرنى ئۆزلۈكىدىن ئوبوروت قىلدى. «شايار پاختىچىلىق چوڭ ناھىيەسى، يەر تۈزلەش ۋە ئوبوروت قىلىش ئارقىلىقلا، ئاندىن ‹كارخانا+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+ دېھقان ئائىلىسى› شەكلىدە پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارالايمىز» دېدى بۇ گۇرۇھ قارىمىقىدىكى شىركەت شايار لىخۇا زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدە يېڭىلىق يارىتىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى سۈن بىن.

كەڭ كۆلەملىك يەر تۈزلەش ۋە ئوبوروت تاماملانغاندىن كېيىن، ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەس قىلىش، تېمىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار دەرھال ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى.

«كىلاپان ئېچىلىشى بىلەنلا، سۇ بىلەن ئوغۇت بىرلىكتە ئېتىزغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئىشلار بەكلا ئاسانلاشتى» دېدى جېنشىڭ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لىن يۈڭگو.

«تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى مېخانىزم قۇرۇلۇشى.» جېڭ ۋېي مۇنداق بىلدۈردى: شايار ناھىيەسى ئومۇمىي مىقدارنى كونترول قىلىش ۋە نورملىق باشقۇرۇشنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دەسلەپكى سۇ ئىشلىتىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، يېزا ئىگىلىك سۇ باھاسى شەكىللىنىش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ قۇرۇش، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، سۇ ھەممىدە سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ جان - جان مەنپەئەتىنى زىچ باغلىدى.

قايلۇر بازىرى چوغتېرەك كەنتىدە، دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى سۇ ئىشلىرىنى كەنت دەرىجىلىكتە تۇتقىغا ئىگە قىلدى. «ئىلگىرى كەنتكە سۇ كەلسە ھېچكىم باشقۇرمايتتى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدا نەچچىلا كىشى بولغانلىقتىن، باشقۇرۇشقا ئۈلگۈرۈپ بولالمايتتى» دېدى شايار ناھىيەلىك سۇ باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى رېن جۈنشىڭ.

«ھازىر پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.» چوغتېرەك كەنتى دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى خالىق ئەيسا مۇنداق دېدى: «ھازىر كەنتتىكى ھەربىر سۇ ئىشلەتكۈچىنىڭ سۇ ھوقۇقى كىنىشكىسى بار، قۇرۇلۇش مۈلۈك ھوقۇقى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تەۋە، ھەربىر سۇ ئىشلەتكۈچى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزاسى، سۇنىڭ ئىشىدا باشقۇرىدىغان ئادەم بار بولۇپلا قالماي، يەنە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدىغان قائىدە ۋە تەدبىرلەرمۇ بار بولدى».

ئېيزىز ھەسەن ھەر مونى 700 يۈەن باھادا ئۆزىنىڭ 20 مو يېرىنى ئوبوروت قىلدى. ئۇ يەنە چوغتېرەك كەنتى دېھقانلار تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش ئەزاسى. «بىر تۇتاش تېرىشتا تەننەرخ تۆۋەن، ھوسۇل يۇقىرى، كىشى جاپا تارتمايدۇ، نېمىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدىم» دېدى ئېيزىز.